# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ، ھەتتا ئاياللىرىمۇ يېقىن كەلمەي تەركى دۇنيا بولۇپ ئىبادەت قىلىشقا سورىغان رۇخسىتىنى رەت قىلدى

سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ، ھەتتا ئاياللىرىمۇ يېقىن كەلمەي تەركى دۇنيا بولۇپ ئىبادەت قىلىشقا سورىغان رۇخسىتىنى رەت قىلدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىبادەتكە يۈزلىنىشكە بولغان رىغبىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن، ھاياتنىڭ لەززەتلىرىنى تاشلاپ، پۈتۈن ۋاقتىنى ئىبادەتكە ئاجرىتىشنى ئىرادە قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزدىن ئاياللاردىن قول ئۈزۈپ ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىشقىلا يۈزلىنىشكە رۇخسەت سورىۋىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمىدى. چۈنكى ھاياتنىڭ پۈتۈن لەززەتلىرىنى تاشلاپ پۈتۈن ۋاقتىنى ئىبادەتكىلا ئاجرىتىش بولسا، دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇش بولۇپ، بۇ دىندا ئەيىبلەنگەن زاھىدلىقتۇر. ئەمما دىنىنىڭ ئەڭ تۇغرا يولى بولسا، ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنسان ئۆز نەپسىنى دۇنيا لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمانغا رۇخسەت بەرسە ئىدى، ئىبادەتتە قاتتىق تىرىشىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتەتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6044

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee